# چىن ھېسسىيات بىلەن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش كۆڭۈل قويۇپ ئىش قىلىش

## ـــ ئەنخۇيدىن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە كەلگەن كادىر، گۇما ناھىيەلىك تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى ئىدارىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى لىيۇ شىخېڭ توغرىسىدا

شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان شەخسلەرنىڭ خىسلىتى

□ مۇخبىرىمىز لى داۋجۈك، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز ۋاڭ شىنيۇ

شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش لىيۇ شىخېڭنىڭ ئۆكۈنمەيدىغان تاللىشى. ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئۇ سەمىمىيلىكى ۋە شەخسىيەتسىزلىكى ئارقىلىق ياردەمگە ئېرىشۋاتقان جايدىكى ئاممىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ، ئەنخۇي ـ شىنجاڭدىن ئىبارەت ئىككى جاينىڭ دوستلۇق كۆۋرۈكىنى سالدى. بۇ يىل 6 ـ ئايدا، ئەنخۇيدىن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە كەلگەن كادىر، گۇما ناھىيەلىك تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى ئىدارىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى لىيۇ شىخېڭ «خەلق رازى بولغان مەمۇر» بولۇپ باھالاندى. شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، لىيۇ شىخېڭ يەنە ئاپتونوم رايون بويىچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى، شىنجاڭنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش مېدالىغا ئېرىشتى.

### ■ ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىش كىشىلەر قەلبىنى ئىللىتتى

8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئەتىگەندىلا، لىيۇ شىخېڭ يېزىغا بېرىپ گۇما ناھىيەسىدىكى پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرى، پېشقەدەم كادىرلار ۋە قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى زىيارەت قىلدى، ئۇلاردىن ھال سورىدى. گۇما ناھىيەسىگە كەلگەندىن كېيىن، ھەر قېتىملىق بايراملاردا، ئۇ قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى زىيارەت قىلدى، ھال سورىدى.

2017 ـ يىلى قىش كىرىشتىن بۇرۇن، لىيۇ شىخېڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئەنخۇي سۇجوۋ شەھەرلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ بىلەن ئالاقىلىشىپ، گۇما ناھىيەسىنىڭ چودا يېزىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا 30 نەچچە مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى قىشلىق ئاياغ ۋە ئۆگىنىش بۇيۇملىرىنى ئىئانە قىلدى. ئۇ يەنە ئالتە نامرات ئائىلە بىلەن قوشماقلىشىپ تۇغقان بولدى، ئۈچ نامرات ئوقۇغۇچىغا ياردەم بەردى، يۆلىدى.

لىيۇ شىخېڭ گۇما ناھىيەلىك تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى ئىدارىسى نىشانلىق ياردەم بېرىپ يۆلەۋاتقان گۇما ناھىيەسى كۆكتېرەك يېزىسىنىڭ ئاياغيار كەنتىدە ئاممىنىڭ كېسەل كۆرسىتىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسى ساقلىنىۋاتقانلىقىنى بايقاپ، ئەنخۇيدىن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە كەلگەن دوختۇرلارنىڭ بۇ كەنتكە كېلىپ خالىسانە كېسەل كۆرۈپ، 100 نەپەر دېھقان ـ چارۋىچىنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇشنى ماسلاشتۇردى.

گۇما ناھىيەلىك تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى ئىدارىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، لىيۇ شىخېڭ مۇھىت تازىلىقى ئىشچىلىرى، باغ ـ ئورمان ئىشچىلىرىغا چىن كۆڭلىدىن غەمخورلۇق قىلدى. ئىشچى پاتەم غۇلامويىدىننىڭ بىلىكە بىر مونەك ئۆسۈپ قالغان بولۇپ، ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئىزچىل ئوپېراتسىيە قىلدۇرمىغانىدى. لىيۇ شىخېڭ ئەنخۇيدىن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەمگە بېرىشكە كەلگەن داۋالاش مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ پاتەمنى ئوپېراتسىيە قىلدۇردى، يەنە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز يېنىدىن 4000 يۈەن چىقىرىپ بىر قىسىم داۋالىنىش خىراجىتىنى تۆلىۋەتتى.

### ■ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ئاۋانگارت بولۇش

ئاممىنى بالدۇرراق ئەمىن ئۆي، خاتىرجەم ئۆيدە ئولتۇرالايدىغان قىلىش ئۈچۈن، لىيۇ شىخېڭ خىزمەتداشلىرى بىلەن پارتىيەنىڭ ئەمىن تاپقۇزۇپ خەلقنى بېيىتىش سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈردى. ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، جەمئىي 9900 ئائىلىلىك ئاممىنىڭ ئەمىن ئۆي سېلىشىغا ياردەم بەردى، ئومۇمىي كۆلىمى 600 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېقىن بولۇپ، 40 مىڭدىن ئارتۇق ئاممىنىڭ تۇرالغۇسى بار بولدى.

لىيۇ شىخېڭ يەنە جەمئىيەتتىكى ئاممىۋى مەنپەئەت كۈچلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ ۋە ئۇلارنى قوزغاپ، گۇما ناھىيەسى ئۈچۈن 6 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە يېقىن ياردەم بېرىش ـ يۆلەش، قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ـ ياردەم بېرىش مەبلىغى توپلىدى؛ نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى قولغا كەلتۈرۈپ، گۇما ناھىيەسىدىكى تۆت يېزا ـ بازار(كەنت)دا كۆكتات پارنىكى قۇردى، يوللارنى قاتتىقلاشتۇردى، يېڭىدىن بازار قۇردى.

ئاممىنىڭ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى «سېتىش قىيىن بولۇش» مەسىلىسىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، لىيۇ شىخېڭ ۋە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلار دېھقان ئائىلىلىرىگە بېرىپ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالدى، يەنە مۇناسىۋەتلىك كارخانىلارنىڭ گۇمىغا بېرىپ «نامراتلارنى يۆلەش ياڭىقى» سېتىۋېلىشىنى ئالاقىلىشىپ بەردى. ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئەنخۇيدىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش كۈچلىرى گۇما ناھىيەسىدىكى دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ جەمئىي 1000 توننىدىن ئارتۇق ياڭىقىنى سېتىشىغا ياردەم بەردى.

### ■ بارلىق ئاماللار بىلەن قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش

گۇما ناھىيەسىگە بارغاندىن كېيىن، لىيۇ شىخېڭ ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، بىرىنچى سەپتە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، كۆپ مىقداردىكى بىرىنچى قول ماتېرىيالنى ئىگىلىدى.

شەھەر نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، گۇما ناھىيەلىك تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى ئىدارىسىنىڭ ئەسلىدىكى ئۈسكۈنىلىرى شەھەرنىڭ تازىلىق ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى. بوشاشماي تىرىشىش ئارقىلىق لىيۇ شىخېڭ خېفېي شەھىرى چاڭفېڭ ناھىيەسىنىڭ نىشانلىق ياردەم بېرىش مەبلىغىدىن 1 مىليون 700 مىڭ يۈەننى ماسلاشتۇرۇپ قولغا كەلتۈرۈپ، ئېگىز بوشلۇقتا مەشغۇلات قىلىش ئاپتوموبىلى، كۆپ ئىقتىدارلىق چاڭ ـ توزان تىزگىنلەش ئاپتوموبىلى قاتارلىق ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋېلىشقا ئىشلەتتى.

لىيۇ شىخېڭ كادىرلار، ئاممىنى باشلاپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ گۇما يېڭىشەھەر رايونى ئەخلەت يۆتكەش پونكىتى، گۇما ناھىيە شەھەر رايونىنىڭ يۇندى بىرتەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش، ئۆزگەرتىش قاتارلىق بىر تۈركۈم خەلق تۇرمۇشى تۈرلىرىنى يولغا قويدى.

8 ـ ئايدىكى تومۇز ئىسسىقتا، لىيۇ شىخېڭ دەم ئېلىشنىمۇ ئويلاشمىدى. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، خېرىدار چاقىرىش ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش، تۈر قۇرۇلۇشى... «مەن بۇ ئاخىرقى يېرىم يىل ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، گۇمىدىكى ئاممىغا ئۈچۈن كۆپرەك ئىش قىلىپ بېرىمەن» دېدى لىيۇ شىخېڭ.

# قەشقەر ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونى ئەتراپتىكى ئىقتىسادقا تەسىر كۆرسىتىدىغان يېڭى ئېگىزلىك بەرپا قىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

زور بىر تۈركۈم ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا ھەتتا ياۋروپا بازارلىرىغا يۈزلەنگەن ماشىنا ـ ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىنى ياساش، ئېلېكترونلۇق قۇراشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ئىنچىكە پىششىقلاش كارخانىلىرىنى قەشقەرگە ماكانلىشىشقا جەلپ قىلدى. بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىلا، قەشقەر ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونىدا 241 كارخانا يېڭىدىن رويخەتكە ئالدۇرۇپ ماكانلاشقان بولۇپ، جەمئىي 3362گە يەتتى.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كىيىم ـ كېچەك باش ئىشتاب بازىسى ۋە توقۇلما بۇيۇملار، كىيىم ـ كېچەك ئەشيا ئوبوروت مەركىزىنىڭ ئورنى كۆنسېرى گەۋدىلەندى. قەشقەر ۋىلايىتىدىكى 460تىن ئارتۇق توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كارخانىسى 73 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا جەلپ قىلدى؛ ئىشلەپچىقىرىش تۈرلىرى پاختا يىپ ئېگىرىش، ئائىلىلەردە ئىشلىتىدىغان توقۇلما بۇيۇملار، كىيىم ـ كېچەك، كەسپتە ئىشلىتىلىدىغان توقۇلما بۇيۇملار قاتارلىق 13 چوڭ تۈردىكى 180 نەچچە خىل مەھسۇلات تۈرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 6 مىليارد 300 مىليون يۈەن خەلق پۇلىدىن ئاشىدۇ.

2017 ـ يىلى، قەشقەر ئاۋمېيشېڭ ئېنېرگىيە پەن ـ تېخنىكا چەكلىك شىركىتى قەشقەر ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونىغا ماكانلاشتى. بۇ شىركەت ئوتتۇرا ئاسىيا بازىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قارىتا ئوتتۇرىغا چىقارغان بىر قاتار كىچىك ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى مەھسۇلاتلىرىدىن، بولتۇر قىرغىزىستان، تاجىكىستان ئىككى دۆلەتكە ئېكسپورت قىلغان توك چەينەكنىڭ سېتىلىش سوممىسىلا 16 مىليون يۈەندىن ئاشتى. «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ ئېلېكتر سايمانلىرى تۈرىدىكى كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا بولغان ئېھتىياج مىقدارى زور، بىزنىڭ قەشقەردە زاۋۇت قۇرۇشىمىز، دەل قەشقەرنىڭ رايون ئەۋزەللىكىنى كۆزدە تۇتقانلىقىمىزدا» دېدى بۇ شىركەتنىڭ مەسئۇلى لەي نەيشياڭ.

نۆۋەتتە، قەشقەرنىڭ ئەتراپتىكى دۆلەتلەر بىلەن يول تۇتاشتۇرۇش ئىقتىدارى تەدرىجىي يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە، جۇڭگو ـ قىرغىزىستان ـ ئۆزبېكىستاننى تۇتاشتۇرىدىغان جۇڭگو ـ قىرغىزىستان ـ ئۆزبېكىستان خەلقئارا تاشيولىدا رەسمىي قاتناش باشلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قەشقەردىن ياۋروپاغا قاتنايدىغان نۆۋەتچى يۈك پويىزى قۇرۇلۇشىمۇ پائال ئالغا سىلجىتىلماقتا. بۇنىڭدىن باشقا، قەشقەر ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونى قەشقەر ـ كاراچى خەلقئارا يۈك ترانسپورت ھۆددە ئايروپىلانىنىڭ قاتنىشىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، جۇڭگو ـ پاكىستان ئىقتىسادىي كارىدورىنىڭ ھاۋا ترانسپورت يولىنى ئاچماقتا؛ تاجىكىستان دەنجالا ئەركىن ئىقتىسادىي رايونى، قىرغىزىستان بىشكەك ئەركىن ئىقتىسادىي رايونى بىلەن بولغان چوڭقۇر ھەمكارلىقنى ئالغا سىلجىتماقتا.

# مېھراي مەمەتنىڭ تۇغۇلغان كۈن سوۋغىسى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مېھراينىڭ ئېيتىشىچە، ئائىلىسىدە قانداق قىيىنچىلىق بولسا، كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىدىكى تاغا ـ ھەدىلەر ۋە كەنت كادىرلىرى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ بېرىدىكەن، قوشنىلار ئارامۇ ئۆزئارا ياردەملىشىدىكەن؛ ئانىسىنىڭ ئىشقا ناھايىتى ئېپى بار بولۇپ، ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا ئۇلارنىڭ كۈنلىرى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلىنىۋېتىپتۇ، ئەمما ئانىسى «بېپەرۋا» بولۇپ، دائىم ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۇنتۇپ قالىدىكەن؛ ئۇ كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدىكەن، چۈنكى كىتابتا بىپايان كەڭ زېمىن بار؛ ئۇنىڭ ئارزۇسى كەلگۈسىدە بىر دوختۇر بولۇش بولۇپ، ئۆلۈمگە ئامال، ئاغرىققا سەۋەب قىلغۇسى بار ئىكەن...

گەرچە بىللە تۇرغان ۋاقىت ناھايىتى قىسقا بولسىمۇ، بىراق تيەن يۈ بىلەن مېھراي پىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق، دېيىشمەيدىغان گېپى يوق «قەدىناس دوستلار»دىن بولۇپ قالدى.

خوشلىشىدىغان چاغدا، تيەن يۈ ئىشىكنىڭ كېشىكىگە يۆلىنىپ تۇرغان مېھراينىڭ كۆزلىرىدە ياش ئەگىپ تۇرغانلىقىنى بايقىدى. «تاغا، سىز كېيىن مېنى كۆرگىلى كېلەمسىز؟» دېدى مېھراي ئېسەدەپ تۇرۇپ.

تيەن يۈ مېھراينىڭ يېنىغا بېرىپ، سەمىمىيلىك بىلەن ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «مېھراي، قاراڭ بىز مۇنداق قىلايلى بولامدۇ، بىز ئىككى ئائىلىدىكىلەر تۇغقان بولايلى، سىز ھەرقانداق ۋاقىتتا ماڭا تېلېفون قىلسىڭىز بولىدۇ، بوش ۋاقتىم چىقسىلا مەن سىزنى كۆرگىلى كېلىمەن. سىزنىڭ قىلىدىغىنىڭىز تىرىشىپ ياخشى ئۆگىنىپ، دوختۇر بولۇش ئارزۇيىڭىزنى بالدۇرراق ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈش».

ھويلىدا، ئىككىيلەن چىمچىلاقلىرىنى ئىلىشىپ تۇرۇپ، چىن كۆڭلى بىلەن ۋەدە بېرىشتى: «ۋەدىمىز ۋەدە بولسۇن، 100 يىلغىچە ئۆزگەرمىسۇن...» ئەتراپتىكىلەرنىڭ كۈلكە سادالىرى ئىچىدە، تيەن يۈ بىلەن مېھراي ۋەدىلەشتى.

تيەن يۈ چاقلىقتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ مېھرايغا تېلېفون قىلىپ، ئۇنىڭ تۇرمۇش ۋە ئۆگىنىش ئەھۋالىنى سوراپ تۇردى. ھەر قېتىم سۆزلىشىش ئاياغلىشىشتىن ئىلگىرى، مېھراي ئۇنىڭغا ھەممىشە: «تاغا، مېنى يوقلاپ كېلىشنى ئۇنتۇماڭ ھە!» دېگەن بىر جۈملە سۆزنى قىلاتتى.

8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ناھايىتى تېزلا يېتىپ كەلدى، بۇ كۈن مېھراينىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىدى. مېھراينىڭ خۇشاللىقى چوڭ ـ كىچىك سومكىلارنى كۆتۈرگەن مېھمانلارنىڭ ئۆيىگە كېلىشى بىلەن باشلاندى.

مېھمانلارنىڭ ئارىسىدا كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى، كەنت كادىرلىرى، يەنە بىر ناتونۇش كىشى بار ئىدى. «مېھراي، تيەن يۈ تاغىڭىز ئېسىڭىزدىمۇ؟» دەپ سورىدى ناتونۇش كىشى مېھرايدىن. مېھراي كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالاي، ئۇ ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا ماڭا تېلېفون قىلغان تۇرسا!»

«مەن سىزنىڭ تيەن يۈ تاغىڭىزنىڭ خىزمەتدىشى رەن جياڭپېڭ، تيەن تاغىڭىز خىزمىتى ئالدىراش بولغاچقا، سىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىڭىزنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە ئۈلگۈرەلمەي، ماڭا تەييارلاپ قويغان سوۋغىتىنى سىزگە ئەكىلىپ بېرىشىمنى ھاۋالە قىلدى ھەم سىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە بەخت تىلىدى!» دېدى رەن جياڭپېڭ.

«بۇ تورت، تيەن تاغىڭىز چوقۇم چوڭ تورتتىن بىرنى زاكاز قىلىشىمنى ئېيتقانىدى. تيەن تاغىڭىز سىزنىڭ ‹ئاق خالاتلىق پەرىشتە› بولۇشىڭىزنى ئېيتىپ، ئۇ سىزگە ئاق كۆڭلەك ئېلىپ بەردى. بۇ كىتاب، بۇ قەلەم، بۇ خاتىرە دەپتەر...» رەن جياڭپېڭ سۆزلىگەچ سوۋغاتلارنى بىر ـ بىرلەپ ئۈستەلگە يېيىپ قويدى، مېھراي تەسىرلەنگىنىدىن كۆزىگە ياش ئالدى.

تۇغۇلغان كۈن ناخشىسى ياڭراپ، لېپىلدىغان شامنىڭ نۇرى مېھراينىڭ بەختلىك چېھرىنى يورۇتتى. «بۇ مەن ئۆتكۈزگەن ئەڭ ئەھمىيەتلىك بىر تۇغۇلغان كۈنۈم بولدى، تيەن يۈ تاغامغا رەھمەت، تاغا ـ ھەدىلەر سىلەرگە رەھمەت، مەن چوقۇم ياخشى ئوقۇپ، ئۆز ئارزۇيۇمنى بالدۇرراق ئىشقا ئاشۇرۇشقا تىرىشىمەن».

مېھراي تيەن يۈ تاغىسىغا تېلېفون قىلىپ مۇنداق دېدى: «رەھمەت سىزگە تيەن تاغا، سىز مېنى تۇيۇقسىز بەك خۇشال قىلىۋەتتىڭىز!» «بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى تۇرساق، سىز يەنە ماڭا تەكەللۇپ قىلماڭ. ۋەدىمىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ، چوقۇم ياخشى ئوقۇڭ!» دېدى تيەن يۈ.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# جوۋ باۋجۇڭ: شەرقىي شىمال ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلەشمە ئارمىيەسىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە كۆزگە كۆرۈنگەن رەھبىرى



جوۋ باۋجۇڭنىڭ سۈرىتى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، كۇنمىڭ، 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر دىڭ يىچۈەن)** يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ دالى بەيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى دالى شەھىرى ۋەنچياۋ بازىرى ۋەنچياۋ كەنتىدە، بىر ھەيۋەتلىك مەرمەر تاش خاتىرە راۋىقىنىڭ ئۈستىگە بىر پارچە ئوچۇق قىزىل رەڭلىك تاختا توغرىسىغا ئېسىلغانىدى، توغرىسىغا ئېسىلغان تاختا ئۈستىدىكى «جوۋ باۋجۇڭ جياڭجۈن خاتىرە سارىيى» دېگەن سەككىز خەت كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى. مەرمەر تاش خاتىرە راۋىقىدىن كېسىپ ئۆتكەندە، قامەتلىك ئېگىز جوۋ باۋجۇڭ جياڭجۈننىڭ مىس ھەيكىلى كۆرۈنەتتى. دەل يازلىق تەتىل مەزگىلى بولغاچقا، ھەرقايسى جايلاردىن خاتىرە سارىيىغا ئېكسكۇرسىيەگە كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى، ئۇلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي قەھرىمان جوۋ باۋجۇڭغا چىن قەلبىدىن قايىل ئىدى.

جوۋ باۋجۇڭ، ئەسلىي ئىسمى شى لىيۈەن، 1902 ـ يىلى تۇغۇلغان، يۈننەننىڭ دالىدىن بولۇپ، بەيزۇ مىللىتىدىن. يۈننەن قۇرۇقلۇق ئارمىيە ھەربىي مەكتىپىنى پۈتكۈزگەن، ئىلگىرى يۈننەن ئارمىيەسى ۋە گومىنداڭ ئارمىيەسىدە ھەربىي خىزمەت ئۆتىگەن. 1926 ـ يىلى خەلق ئىنقىلابىي ئارمىيەسىگە كىرگەن، يىڭجاڭ، تۇەنجاڭ، مۇئاۋىن شىجاڭ قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، شىمالغا يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان، قىسمىنى باشلاپ باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، كۆپ قېتىم خىزمەت كۆرسەتكەن. 1927 ـ يىلى7 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. 1928 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەۋەتىشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ موسكۋاغا بېرىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن شەرق ئەمگەكچىلەر كوممۇنىزم داشۆسى ۋە خەلقئارا لېنىن شۆيۈەنىدە ئوقۇغان.

1931 ـ يىلى «18 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن، جوۋ باۋجۇڭ ۋەتەنگە قايتىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مانجۇ ئۆلكىلىك ھەربىي كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوراللىق كۈرەشنى تەشكىللىگەن، رەھبەرلىك قىلغان. 1932 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن باشلاپ، جۇڭگو خەلق ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئارمىيەسىنىڭ باش سەنيىسى، ئالدىنقى سەپ باش قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ سەنمۇجاڭى، باش سەنمۇجاڭى بولۇپ، ئەنتۇ ناھىيە شەھىرىنى ئىككى قېتىم ھۇجۇم بىلەن ئېلىش، نىڭئەنگە ئۈچ قېتىم ھۇجۇم قىلىش قاتارلىق جەڭلەرگە قوماندانلىق قىلغان. 1934 ـ يىلى 2 ـ ئايدا سۈينىڭ ياپونغا قارشى ئىتتىپاقداشلار ئارمىيەسىنى رەھبەرلىك قىلىپ تەشكىللەپ قۇرغان، ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى بولغان، قىسمىنى باشلاپ نىڭئەن رايونىدا پارتىزانلىق ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرغان. 1935 ـ يىلدىن كېيىن شەرقىي شىمال ياپونغا قارشى بىرلەشمە ئارمىيەسى 5 ـ جۈننىڭ جۈنجاڭى، شەرقىي شىمال ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلەشمە ئارمىيەسى 5 ـ جۈننىڭ جۈنجاڭى بولۇپ، سۈينىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزانلار تايانچ بازىسىنى رەھبەرلىك قىلىپ قۇرغان، داپەنداۋ، چيەندىياۋلىڭ، يىلەنچېڭ قاتارلىق جەڭلەرگە قوماندانلىق قىلغان. 1937 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن باشلاپ ئىلگىرى ـ كېيىن شەرقىي شىمال ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلەشمە ئارمىيەسى 2 ـ يول ئارمىيەسىنىڭ باش قوماندانى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى جىدۇڭ ئۆلكىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى بولغان. 1938 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، ياپونىيە قورچاق ئارمىيەسىنىڭ 60 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنىڭ جيامۇسى رايونىغا قاراتقان «جازا يۈرۈش قىلىشى»نى بۇزۇپ تاشلاش ئۈچۈن، 2 ـ يول ئارمىيەسى ئاساسىي كۈچىنى يىلەن رايونىدىن غەربكە يۈرۈش قىلىپ ۋۇچاڭ رايونىغا يۆتكىلىشكە تەشكىللىگەن، قوماندانلىق قىلغان، ئۆزى قېپقالغان قوشۇننى باشلاپ ياپونىيە قورچاق ئارمىيەسىنىڭ «جازا يۈرۈش قىلىشى»نى كۆپ قېتىم مەغلۇپ قىلغان.

1939 ـ يىلى ئەتىيازدا، ياپونىيە قورچاق ئارمىيەسىنىڭ ھەربىي «جازا يۈرۈش قىلىشى»، ئىقتىسادىي جەھەتتىن قامال قىلىشى ۋە سىياسىي جەھەتتىن تەسلىم بولۇشقا قىزىقتۇرۇشىدەك كەسكىن ۋەزىيەتكە قارىتا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى جىدۇڭ ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچقان، ئۇ قەتئىيلىك بىلەن مۇنداق دېگەن: «ئىنقىلابچىلار قۇربان بېرىدىغان پەيت كەلگەندە، مەردانە قۇربان بېرىش كېرەك. بىز ئۆزىمىزنىڭ قېنى ئارقىلىق ئېزىلگۈچى مىللەتنىڭ ئازادلىق گۈلىنى سۇغىرىشقا ئىرادە باغلىشىمىز كېرەك.» كېيىندىنلا قىسمىنى رەتكە سېلىپ، ئورۇنلاشتۇرمىنى تەڭشەپ، ھەرقايسى جۈنلەرنىڭ بىرقانچە يولغا بۆلۈنۈپ قاتمۇقات مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىشىغا قوماندانلىق قىلغان. 1940 ـ يىلى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلەشمە ئارمىيە ئېغىر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بىلەن ئالاقە ئۈزۈلۈپ قالغان ئەھۋالدا، كىچىك شۆبە ئەترەتلەرنىڭ پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرىنى داۋاملىق تەشكىللەپ قانات يايدۇرغان. 1942 ـ يىلى 8 ـ ئايدا شەرقىي شىمال ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلەشمە تەلىم ـ تەربىيە لۈيىنىڭ لۈجاڭى بولۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي قىسمىنى باشلاپ داۋاملىق كەسكىن جەڭ قىلغان. 1945 ـ يىلى 8 ـ ئايدا قىسمىنى باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيەسىنىڭ شەرقىي شىمالغا كىرىشىگە ماسلاشقان ۋە 8 ـ ئارمىيە، يېڭى 4 ـ ئارمىيەنىڭ شەرقىي شىمالغا يۆتكەلگەن قىسىملىرىغا ياردەم بەرگەن، ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقى بەرگەن «قىزىل بايراق» ئوردېنىغا ئېرىشكەن. ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە، شەرقىي شىمال خەلق قوغدىنىش ئارمىيەسىنىڭ باش سىلىڭى قوشۇمچە سىياسىي كومىسسارى، شەرقىي شىمال دېموكراتىك بىرلەشمە ئارمىيەسىنىڭ مۇئاۋىن باش سىلىڭى قوشۇمچە دۆڭمەن ھەربىي رايونىنىڭ سىلىڭيۈەنى، جىلىن ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى، شەرقىي شىمال ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىلىڭيۈەنى قوشۇمچە جىلىن ھەربىي رايونىنىڭ سىلىڭيۈەنى بولۇپ، شەرقىي شىمالنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان، رەھبەرلىك قىلغان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، جوۋ باۋجۇڭ يۈننەن ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، غەربىي جەنۇب ھەربىي ـ سىياسىي كومىتېتى سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتىنىڭ مۇدىرى قوشۇمچە خەلق ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1955 ـ يىلى 1 ـ دەرىجىلىك 1 ـ ئاۋغۇست ئوردېنى، 1 ـ دەرىجىلىك مۇستەقىللىق، ئەركىنلىك ئوردېنى ۋە 1 ـ دەرىجىلىك ئازادلىق ئوردېنى بېرىلگەن. 1964 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى بېيجىڭدا كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان.

جوۋ باۋجۇڭ شەرقىي شىمال ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلەشمە ئارمىيەسىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە كۆزگە كۆرۈنگەن رەھبىرى. ماۋ زېدۇڭ ئىلگىرى مەدھىيەلەپ مۇنداق دېگەن: «يولداش باۋجۇڭ شەرقىي شىمالدىكى 14 يىللىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قوغداش كۈرىشىدە تىللاردا داستان بولغۇدەك داستاننى يېزىپ چىقتى».

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)